# ئىشەنچنى چىڭىتىپ، سىجىل كۈچەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ
# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى ئۆزلۈكسىز مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىنچىكە تۇتۇپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، ئۆزلۈكسىز تۈردە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جەڭ نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، خىزمەت ئۇسلۇبىنى ياخشىلاشتا سىجىل كۈچەش كېرەك. ئۇرۇش ۋاقتى ھالىتىنى باشتىن - ئاخىر ساقلاپ، قەتئىي بەل قويۇۋەتمەي، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىگە يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن، ھايات - ماماتلىق جەڭ قىلىشتەك جاسارەت، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتەك ئىرادە، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئىستىھكامنى ئېلىشتەك جان تىكىپ ئېلىشىش غەيرىتى بىلەن، پەيتنى قولدىن بەرمەي، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، كېسەل ئالۋاستىسى بىلەن ئېلىشىپ، باشتىن - ئاخىر كىرىچنى چىڭىتىپ، تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئىلمىي، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە سىجىل كۈچەش كېرەك. بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاش تەدبىرلىرىنى كەم - كۈتىسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىلمىي پوزىتسىيە، ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن دەل جايىدا، ئىنچىكە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كېرەك. ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈچلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سەپكە چۆكۈشىنى ئالغا سىلجىتىپ، مەھەللە، يېزىلاردا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئائىلىلەرگىچە، ئادەمگىچە دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىرىنچى مۇداپىئە سېپىنىڭ توسۇپ زەربە بېرىش رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش؛ مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ساغلاملىقنى سەييارە تەكشۈرۈش، مۇلازىمەت كاپالىتى، پىسخىكىلىق يېتەكلەشنى ياخشى ئىشلەش؛ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش بويىچە ئىلغار تەكشۈرۈشنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، تەرتىپنى قېلىپلاشتۇرۇپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇسبەت چىققانلارنى پۈتۈن جەريانلىق يېپىق ھالقىلىق باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمىي بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ دەل جايىدا، ئۈنۈملۈك بولۇشىنى ئۆستۈرۈش؛ قىزىتما ئامبۇلاتورىيەلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تۈنجى دىياگنوز قويغۇچى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دوختۇرخانىدا يۇقۇملىنىش يۈز بېرىشنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش؛ شەھەر - يېزىلارنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى تەرتىپكە سېلىش - تۈزەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، يېڭى دەۋر ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئاغرىقلارنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا سىجىل كۈچەش كېرەك. ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش، قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك كوللېكتىپلارنىڭ ماسلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشى، كۆپ پەن مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ دۆلەتنىڭ 7 - نۇسخىدىكى دىياگنوز قويۇش - داۋالاش لايىھەسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، بىرخىللاشقان، قېلىپلاشقان داۋالاشنى ئالغا سىلجىتىش؛ ئېغىر ئاغرىقلارغا قارىتا بىر ئادەمگە بىر تەدبىر بولۇش، يېنىك ئاغرىقلار ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارغا قارىتا دەسلەپكى ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشنى كۈچەيتىش، دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىقلارغا قارىتا قايتا دىياگنوز قويۇش، قايتا تەكشۈرۈش، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يېتەكچىلىكىنى ياخشى ئىشلەش؛ داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى، مۇداپىئە ئۈسكۈنىلىرى، قۇتقۇزۇش - داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى تەڭشەپ ئاجرىتىش ۋە تەقسىملەپ يەتكۈزۈش ئۈنۈمىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، بىرىنچى سەپنىڭ ئېھتىياجىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، چىن ھېسسىيات بىلەن ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشتا سىجىل كۈچەش كېرەك. مېھىر - مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن خىزمەتنى ئاممىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرى، قىيىنچىلىقلىرىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، كەمتەرلىك بىلەن غەم - ئەندىشىلىرىنى تۈگىتىپ، زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش، بۆلۈپ تارقىتىش، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش ۋە ئاممىنى پىسخىكىلىق يېتەكلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ياخشى سىرداش ۋە يۆلەنچۈك بولۇش؛ مۇداپىئە بىلىملىرى ۋە سىياسەت، تەدبىرلەرنى تەشۋىق قىلىش، چۈشەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئاممىنى يۇقۇمنى توغرا تونۇشقا يېتەكلەپ، ئالدىنى ئېلىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش؛ ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ياخشى ئىشلەپ، «ئاشلىق» «كۆك - تاق» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ماددىي ئەشيالارنى تەڭشەپ تەقسىملەش ۋە بازار تەمىناتىنى كۈچەيتىپ، قاتناش - ترانسپورتنىڭ راۋانلىقىنى ساقلاپ، تەمىنات تولۇق بولۇش، سۈپەت كاپالەتكە ئىگە بولۇش، باھا مۇقىم بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش، غەمخورلۇق قىلىشتا سىجىل كۈچەش كېرەك. تېببىي خادىملار يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى تايانچ كۈچ، ئەمەلىي، ئېنىقلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىق، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، خادىملارنى نۆۋەت بىلەن دەم ئېلىشقا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىخەتەرلىك كاپالىتى ۋە پىسخىكىلىق يېتەكلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكلۈك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ كەڭ مەھەللە خىزمەتچىلىرى، پىدائىيلار قاتارلىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدىكى خىزمەتچى خادىملارغا ياخشى كۆڭۈل بۆلۈپ، تۇرمۇش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئادەمىيەت غەمخورلۇقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى كاپالەتنى ھەر تەرەپلىمە ياخشى ئىشلەپ، كۈچلۈك مەدەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ غەم - ئەندىشىسىنى تۈگىتىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشتا سىجىل كۈچەش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغىنى ئەمەلىيەتچىل بولۇش، پۇختا بولۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار مەسىلە يۆنىلىشى، ئۈنۈم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ ئەھۋال ئىگىلەپ، مەسىلە ھەل قىلىپ، كۆڭلىدە سان بولۇش، قولدا تەدبىر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى؛ شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈگىتىپ، دەرىجىمۇدەرىجە ئۈلگە كۆرسىتىپ، دەرىجىمۇدەرىجە يېتەكلەپ ئىشلەپ، مەسئۇلىيەتنى قاتلاممۇقاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بېسىمنى قاتلاممۇقاتلام يەتكۈزۈپ، بىر قېتىمدىلا ئاخىرغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەت كونكرېت بولغان، ھالقىمۇھالقا گىرەلىشىپ كەتكەن «مەسئۇلىيەت زەنجىرى»نى شەكىللەندۈرۈپ، ھەرقانداق بىر جايدا قاراڭغۇ بۇلۇڭ قالدۇرماسلىق، ھەرقانداق بىر ھالقىدا سەۋەنلىك سادىر قىلماسلىق؛ مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرمىگەن ئىش ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرمىگەن كىشىنى ياندۇرۇپ تەكشۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالمىغان، قىلىدىغاننى قىلمىغان، ئىستىلى تۇراقسىز، خىزمەتتە كۆپتۈرمىچىلىك قىلغان، يۈزەكى ئىشلەپ مەسئۇلىيەتتىن قاچقان، مەسئۇلىيەتنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىپ قۇرۇق تالاش - تارتىش قىلغانلارغا قارىتا، ئىنتىزام بويىچە، قانۇن بويىچە كەسكىن تۈردە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش، جاۋابكارلىققا تارتىش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

قەدىرلەيدىغان كونكرېت ھەرىكەت شەخسنىڭ مەنىۋىيىتىدە مەدەنىيلىكنى يېتىلدۈردى؛ «يېمەكلىكنى ئىسراپ قىلماسلىق ھەرىكىتى»نى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش بولسا، «مەن تېجەشلىك بولىمەن» دېگەن ئىدىيەنى قەلبكە سىڭدۈرۈش، ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش بولۇپ، تېجەشلىك بولۇشنى ئۆز تاللىشىغا ئايلاندۇردى، ئىقتىسادچان بولۇشنى قىممەت ئىنتىلىشىگە ئايلاندۇردى.

ئىقتىسادچان - تېجەشلىك بولۇش دېگەن داۋلىنى ئاسان چۈشەنگىلى بولىدۇ، بىر قېتىم يېمەكلىكنى ئىسراپ قىلماسلىقنىمۇ ئاسان ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ، قىيىن بولغىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، ئۇزاققىچە بوشاشماسلىق. جاھاندىكى ئىشلارنى ئىنچىكە قىلىپ، قاتتىق ئىجرا قىلغاندىلا ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ. «يېمەكلىكنى ئىسراپ قىلماسلىق ھەرىكىتى»نى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ھەرىكەتكە كېلىشىگە، ئۇنى ھەربىر ئادەمنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشقا ئېھتىياجلىق. يېمەك - ئىچمەك كارخانىلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، خېرىدارلارغا ئېھتىياجىغا قاراپ قورۇما بۇيرۇتۇشنى ئەسكەرتسە، تاللاشقا بولىدىغان كىچىك تەخسىلىك قورۇما قاتارلىقلارنى چىقارسا بولىدۇ. مەكتەپ ۋە ئائىلىلەر بالىلارنى ياخشى تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، ئۇلاردا كىچىكىدىن باشلاپ ئاشلىق تېجەيدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ئالاقىدار تارماقلار يەنە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم ئورنىتىپ، يېشىل، تېجەشلىك تۇرمۇش شەكلىنى تەشەببۇس قىلىپ، مەدەنىي، ساغلام جەمئىيەت كەيپىياتى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ياخشى ئىشلەش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ياخشى تازىلىق ئادىتىنى پۈتۈن جەمئىيەتتە ئەۋج ئالدۇرۇپ ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ياخشى ئاممىۋى تازىلىق مۇھىتى يارىتىشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق خىزمىتىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، پاكىزلىق بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلدى. بولۇپمۇ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش داۋامىدا، كادىرلار، ئاممىنى مۇھىت تازىلىقىنى تەرتىپكە سېلىش - تۈزەش، ساغلاملىق، سەھىيە بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا پۇختا ئاساس سالدى.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئەڭ كۈچەيدىغان ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاساسىنى پۇختىلاش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملەشتە ئىنتايىن مۇھىم. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئەڭ پۇختا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، يېمىرىلمەس قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق تەلەپ قىلدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئالدىنى ئېلىش ئاساس قىلىنغان سەھىيە ۋە ساغلاملىق خىزمىتى فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلاملىقىنى مەركەز قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك؛ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاپ، شەھەر - يېزىلارنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى تەرتىپكە سېلىش - تۈزەشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، پاكىز شەھەر - بازار بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك؛ مەدەنىي، ساغلام تۇرمۇش شەكلىنى تەشەببۇس قىلىپ، ياخشى يېمەك - ئىچمەك ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، تارقاق غىزالىنىش ھەرىكىتىگە پائال تۈرتكە بولۇپ، يېمەك - ئىچمەك ئىسراپچىلىقىنى قەتئىي توسۇشى كېرەك؛ ساغلاملىق بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، مەدەنىي، ساغلام تۇرمۇش ئادىتىنى كېڭەيتىپ، ئاممىنىڭ ساغلاملىق ئېڭى، مەدەنىي تازىلىق ئېڭى ۋە شەخسىي ساقلىقنى ساقلاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك؛ جەمئىيەت ساغلاملىقىنى ئۇنىۋېرسال ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق خىزمىتى سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغدىشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ئومۇمىي خەلق قاتنىشىدىغان، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرىدىغان بىر تۈرلۈك سىستېما خاراكتېرلىك خىزمەت. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، زىچ ماسلىشىپ، ئاممىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنىڭ تەشكىلىي سىستېمىسى ۋە ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەرقايسى ئەزا ئورۇنلارنىڭ ماسلىشىش، ھەمكارلىشىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تارماقلار ھەمكارلىشىدىغان، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق خىزمىتى ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، مۇھىت تازىلىقىنى تەرتىپكە سېلىش - تۈزەشنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جەرۇللا ھېسامىدىن، مەڭلىك سىيىت قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتوماتىك مېتېئورولوگىيە پونكىتلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئالتە ئامىللىق (تېمپېراتۇرا، نەملىك، ھاۋا بېسىمى، شامال يۆنىلىشى، شامال سۈرئىتى، ھۆل - يېغىن مىقدارى) يېڭى تىپتىكى ئاپتوماتىك مېتېئورولوگىيە پونكىتىغا ئۆزگەرتتى، ئالتە ئامىللىق ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى پونكىت، نۇقتىلىرىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتىنى 12 - بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرىدىكى 33%تىن نۆۋەتتىكى 80%كە يەتكۈزۈپ، ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋا رايىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ھۆل - يېغىندىن ئىنچىكە مەلۇمات بېرىش ۋە قىسقا ۋاقىتلىق يېقىنلىشىشتىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئۈنۈملۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى كۆزىتىش ۋە تور باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىكى، قاتناش، ئېنېرگىيە، ئېكولوگىيە، سۇچىلىق، ساياھەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان مېتېئورولوگىيەلىك كۆزىتىش پونكىتى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، نامرات رايونلاردىكى مەمۇرىي كەنتلەرنىڭ ئاپتوماتىك مېتېئورولوگىيە پونكىتى بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىنى نۇقتىلىق ئۆستۈرۈپ، مېتېئورولوگىيەلىك كۆزىتىش پونكىت تورىنىڭ جايلىشىشىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇردى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونلۇق مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ مېتېئورولوگىيەلىك كۆزىتىش بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ئاممىۋى مەنپەئەت ئىش ئورنى تەسىس قىلىش ئارقىلىق، نامرات ئاممىغا قارىتا دەل جايىدا ياردەم بېرىش - يۆلەشنى قانات يايدۇردى. 2019 - يىلىدىن ھازىرغىچە، مېتېئورولوگىيەلىك كۆزىتىش بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ئاممىۋى مەنپەئەت ئىش ئورنىدىن يۈز نەچچىنى تەسىس قىلىپ، شۇ جايدىكى نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا كۈچ قوشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سائەت نۆلدىن سائەت 24كىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە دوكلات قىلىنغان يېڭىدىن كۆپەيگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى سەككىز بولۇپ، ھەممىسى مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىشنى قوبۇل قىلىۋاتقانلار؛ يېڭىدىن كۆپەيگەن كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى بەش. 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سائەت 24 كىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ھازىر بار بولغان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 503، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 129.

كۆزىتىش مۇددىتىنىڭ توشۇشىغا ئەگىشىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىر قىسىم شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىشنى قوبۇل قىلىۋاتقان يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلارغا قارىتا مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش ئارقا - ئارقىدىن بىكار قىلىنىپ ئۆيلىرىگە قايتتى، نۆۋەتتە مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىشنى قوبۇل قىلىۋاتقان يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلارنىڭ سانى 13 مىڭ 548گە تۆۋەنلىدى.

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 49 ئاغرىق دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، بۇ، بۇ نۆۋەتلىك يۇقۇمدىن بۇيان بىر كۈندە ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلار سانى ئەڭ كۆپ بولغان بىر كۈن. شۇ كۈنى يەنە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن بەش يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 351، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 100 بولۇپ، جەمئىي 451.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى لىبى ۋېي مۇنداق تونۇشتۇردى: 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، 49 ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقىپ، ئىلگىرىكى ئەڭ كۆپ بولغان 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دوختۇرخانىدىن چىققان 47 ئاغرىقتىن ئاشتى، بارغانسېرى كۆپ ئاغرىقلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىپ دوختۇرخانىدىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئىشەنچىمىز ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسلەر كوللېكتىپى نۇقتىدا تۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى قوللاپ ياردەملەشتى، كەڭ دوختۇر - سېسترالار پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈرگە ئايرىپ قۇتقۇزۇش - داۋالاش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى، كىلىنىكىلىق داۋالاش ئۈنۈمىدىن قارىغاندا، كېسەللىك جەريانى ئۈنۈملۈك قىسقاردى، داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. كېيىنكى قەدەمدە، بىز داۋاملىق ئېغىر تىپتىكى، خەتەرلىك ئېغىر تىپتىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنى داۋالاشتىكى قىيىن نۇقتىلارغا نۇقتىلىق دىققەت قىلىپ، ئۆتكەلنى ئالدىغا سۈرۈپ، كېسەلگە قاراپ داۋالاپ، بۇ بىر قىسىم ئاغرىقلارنى سالامەتلىكىنىڭ بالدۇراق ئەسلىگە كېلىپ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز.